# كىنايە ۋە ئۇنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى توغرىسىدا


## ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى



ماقالە ئېلان قىلىنغان ژورنال: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ 2005-يىللىق 3- سانى.



قىسقىچە مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدە كىنايىنىڭ نامى ، تەبىرى ،شەكىللىنىش ئاساسى، تۈرلىرى ، ئۇنى قوللانغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نوقتىلار ، ئۇنىڭ ئاغزاكىي ۋە يازما نۇتۇقتىكى ئىستىلىستىكىلىق رولى قاتارلىق مەسىلەرئەملىي مىساللار ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلدى.



ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە، كىنايە، ئىستىلىستىكىلىق رول


## 1. كىنايە ۋە ئۇنىڭ تەبىرى

«كىنايە » ئۇيغۇر تىلىغا پارىسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ ، خەنزۇ تىلىدا« 反语»، ئىنگلىز تىلىدا«irony»،روس تىلىدا « ˆ≺∘ℏˆ » دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن باشقا كۆچمە مەنىلەردە قوللىنىشى ياكى بىر چۈشەنچىنى ئىككىنچى بىر چۈشەنچە بىلەن چۈشەندۈرمەك، دارتما گەپ دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇر تىلىدا كىنايىنىڭ «تەنە»،«ئىرونىيە»دېگەندەك شەكىللىرىمۇ بار. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «كىنايە»، «تەنە»، «ئىرونىيە» سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى تىلىمىزغا باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆز بولۇپ ،تىلىمىزدا بىرلا ئىستىلىستىك ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ، بىر تىلدا ئوخشاش بىر ئاتالغۇنى بىر قانچە سۆز بىلەن ئىپادىلەش ،يەنە كېلىپ ئوخشاش بىر مەنىدە ئىشلىتىش كىشلەرنىڭ كاللىسىدا بەزى مۈجمەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئايرىم-ئايرىم ئىشلەتكەندە، بۇ ئاتالغۇلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ئاتالغۇ دەپ چۈشۈنۈپ قېلىشى نەتىجىدە ، ئۆگىنىش ، خىزمەت ۋە تەتقىقات داۋامىدا بەزى ئىلمىي خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىشى مۆمكىن. شۇڭا بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، بۇلاردىن بىرىنىلا ئېلىپ شۇنىلا دائىملىق ئىشلەتكەن تۈزۈك. تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئەڭ ئاۋال بۇ ئۈچ سۆز ئىچىدىكى «ئىرونىيە»

ئاھاڭ سۆزلىرىنىڭ « irony»،«ˆ≺∘ℏˆ» تىللىرىدىكى روس ۋە ئىنگلىز سۆزى تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، قالغان ئىككى سۆزگە قارىغاندا ، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ تۆۋەن ، كۆپىنچە كىشىلەر ئانچە چۈشۈنۈپ كېتەلمەيدىغان ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە تازا چۈشۈپ كەتمەيدىغان سۆز . شۇڭا بۇنداق كۆپىنچە كىشىلەر چۈشىنەلمەيدىغان سۆزنى ئەڭ ياخشىسى ئىشلەتمىگەن تۈزۈك. ئەمدى «تەنە» سۆزىگە كەلسەك ، بۇ سۆز ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى (1) باشقىلارنى كەمسىتىپ ئېيتىلغان دارىتما، ئەگىتمە سۆز. (2) نارازى بولۇپ مىننەت دوق بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت. (3) ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ سۆزنىڭ پارىسچىدىن كىرگەن «تەنە( ئۆسۈملۈكنىڭ غول ۋە يىلتىز قىسمى مەسلەن، يەككە تەنە) » دېگەن ئاھاڭداش شەكلىمۇ بار . «كىنايە» ۋە «تەنە» سۆزلىرىدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلسە، مېنىڭچە «كىنايە»سۆزىنى تاللىغان ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى بۇ سۆز تىلىمىزدا بىرلا ئىستىلىستىك ۋاستىنىڭ نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن خاس ئىسىم دائىرىسىگە كىرىدۇ بىرلا مەنە ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز قېلىپلاشتۇرۇلۇپ دائىم ئىشلىتىلسە ، كىشىلەر بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ بىر خىل ئىستىلىستىك ۋاستە ئىكەنلىگىنى بىلەلەيدۇ. « تەنە » سۆزى بولسا ، بايا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بىر قانچە مەنە ئاڭلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ پارىس تىلىدىن كىرگەن ئاھاڭداش شەكلىمۇ بار . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پەقەت مۇئەييەن كونتېكىست ئىچىدىلا ئايدىڭلىشىدۇ. شۇڭا چۈشىنىشكە قولايلىق بولسۇن. ئۈچۈن«كىنايە» سۆزىنىلا ئىشلەتكەن تۈزۈك .

ئەمدى كىنايىنىڭ قانداق ئىستىلىستىك ۋاستە ئىكەنلىكىگە كەلسەك ، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت كىتاپلاردا كىنايىگە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل تەبىر بېرىلگەن.

1) ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، سەلبىي مەنىدىكى سۆز بىلەن ئىجابىي مەنىنى ، ئىجابىي مەنىدىكى سۆز بىلەن سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىك ۋاستە. ( خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى ، ئەمەت نىياز، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987-يىل 11-ئاي نەشرى)

2) ئوي-پىكىرنى ئۇنىڭغا قارشى مەنىلىك سۆز جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەشتۇر. ( يولۋاس راشىدىن ، ستىلىستىكا ساۋادى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 2002- يىل نەشرى)

3) كىنايە دېگىنىمىز ، لاتىنچە « ئاللىگورىيە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا بىرەر مەۋھۇم چۈشەنچىنى كونكىرىت نەرسە ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئىپادىلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك ، كىنايە دېگىنىمىز ، ماقالە

**ئەسەرلەردە ياكى نۇتۇقلاردائىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سەلبىي مەنىدىكى سۆز بىلەن ئىجابىي مەنىنى ، ئىجابىي مەنىدىكى سۆز بىلەن سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىك ۋاستە.( سەمەت تۇرسۇن، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 3-ئاي نەشرى)**

**4) بەلاغەت ئىلمىدە ، سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا باشقا بىر مەنىنى ئىپادىلەش سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ.( زەمىر سەيدۇللا ، كىلاسسىك ئىستىلىستىكا دەرس لېكسىيەسى)**

**يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى كىنايىگە بېرىلگەن تەبىر بولۇپ، بۇ تەبىرلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق ھەم كەمچىللىكلىرى بار. بۇ تەبىرلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى تەبىر بىلەن ئۈچىنچى تەبىر ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئەمما ئۈچىنچى تەبىردىكى« كىنايە سۆزى لاتىنچە ئاللىگورىيە دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ........» دېگەن جۈملىدىكى « ئاللېگورىيە» سۆزى بىرىنچىدىن ، كېلىش مەنبەسى خاتا ئېلىنغان . ئىككىنچىدىن، بۇ سۆز ئۇقۇم جەھەتتە، كىنايە سۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قۇيۇلغان . ئەمەلىيەتتە « ئاللېگورىيە » سۆزى گرېك تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەش ؛ كىنايە دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ( ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ‹ قىسقارتىلمىسى› 49-بەت ) . يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، «ئاللېگورىيە » سۆزىنىڭ « تەنە» دېگەن مەنىسى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى ئىستىلىستىكىسىدا ئۇ كىنايىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. يولۋاس راشىدىن ئەپەندىنىڭ «ستىلىستىكا ساۋادى » ناملىق كىتابىدا «ئاللېگورىيە – مەسەل لەتىپىلەردىن پايدىلىنىپ بىرەر داۋلىنى ئىپادىلەيدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىدۇر.» دەپ تەبىر بېرىلگەن . دىمەك ، «ئاللېگورىيە» بىلەن « كىنايە» تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدىغان ئىككى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىدۇر. كىلاسسىك ئىستىلىستىكىدىمۇ بۇ ئىككى سۆز گەرچە «مەجاز»دىن ئىبارەت ئىستىلىستىك شەكلىنىڭ تۈرلىرى بولسىمۇ ، يەنىلا ئىككى خىل ئىستىلىستىكىلىق شەكىل سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. ئەمدى ئىككىنچى تەبىرگە كەلسەك ، بۇ تەبىردە كىنايىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ ، ئەمما بىر ئاز تومتاق ، كىنايە ھەققىدە دەرۇ ئېنىق بىر چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. بىز يوقىرقى تەبىرلەرنى يۇغۇرۇپ كەلسەك ، تۆۋەندىكىدەك تەبىرگە ئېرىشەلەيمىز.**

**كىنايە- ئاغزاكىي نۇتۇق ھەم ماقالە ئەسەرلەردە ، سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ**

ئىھتىياجىغا ئاساسەن، سەلبىي مەنىدىكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىجابىي مەنىنى ، ئىجابىي مەنىدىكى سۆز - جۈملىلەربىلەن سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەش ياكى سۆز- جۈملىلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىدا باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر.

## 2.كىنايىنىڭ ئاساسى

### 1) ئوبىكتىپ ئاساسى

ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئوبىكتىپ دۇنيا زىدىيەت بىلەن تولغان . زىدىيەت ، قارمۇ-قارشىلىق بولغاندىلا دۇنيا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، تەرەققىي قىلالايدۇ. دۇنيادىكى سانسىزلىغان شەيئىلەر ھەم بىر- بىرىنى شەرت قىلىدۇ ھەم بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. ئاينىڭمۇ قاراڭغۇ ،يورۇق بولىدىغان چاغلىرى ، ئادەمنىڭمۇ ئازاپلىنىدىغان ،خوشال بولىدىغان ،ئايرىلىدىغان ھەم جەم بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. رىئال دۇنيادىكى كىشلەرنىڭ خارەكتىر خۇسۇسىيەتلىرىمۇ زىتلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. گۈزەللىك ئىچىدە خۇنۈكلۈك، خۇنۈكلۈك ئىچىدەگۈزەللىك بولىدۇ. تىلىدىن قارىسا شىكەر ، دىلىدىن بولسا زەھەر تامىدىغان كىشلەرمۇ ھىلىھەم ئۇچىراپ تۇ رىدۇ. بايلار ئۆزىنى دائىم نامىراتتەك ، نامىراتلار ئۆزىنى بايدەك قىلىپ پەردازلاشقا تىرىشىدۇ. بەزىلەر ماددىي بايلىق بىلەن بەھىرلىنىش بىلەن چەكلەنسە، بەزىلەر ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق دەپ ئىيتىشقا بولىدىكى ، رىئال دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا،ھەر ۋاقىت زىدىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىدىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. زىدىيەتلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر-بىرىگە ئايلىنىشى جەريانىدا كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ شەيئىي ،ھادىسە ، خارەكتىر خۇسۇسىيەتلەرگە بولغان ئامىراقلىق ، ئۆچمەنلىك، يىرگىنىش، قارشى تۇرۇش ھىسسىياتلىرىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەش زۆرۈرىيتى تۇغۇلىدۇ. مانا بۇ زۆرۈرىيەت كىنايىنى زور ئوبىكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 2) تىل ئاساسى

تىلدىكى كۆپ مەنىلىك ۋە قارمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ، ئەسلى مەنە ئارقىلىق كىلىپ چىققان كۆچمە مەنىلەرنىڭ مۇئەييەن كونتىكستتا ئالاھىدە مەنە ئىپادىلەپ بىرەلىشى، جۈملىلەرنى ھەر خىل ئىنتۇناتسىيەدە ئىيتىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى كىنايىنى يېتەرلىك تىل ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 3) پسخىك ئاساسى

مۇئەييەن بىر تىل موھىتىدا، مەلۇم بىر سىرتقى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن سىلىشتۇرما-باغلىما تەسەۋۋۇر كىنايىنىڭ ئاساسلىق پسخىك ئاساسىدۇر. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان سىرتقى كۈچ ياخشىلىق-يامانلىق، گۈزەللىك-خۇنۈكلۈك، باي-كەمبەغەللىك قاتارلىق ئۆز ئارا زىدىيەتلىك تەرەپلەرنى

كۆرستىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ خىل ھالەتلەرگە بولغان ھەر خىل پوزىتسىيەلىرىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىدە ئۆز ئارا سىپلىشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىنايىدە سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاشكارا ئىپادىلەنگەن ۋە ھەقىقىي ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان مەنە يوشۇرۇن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. كىشلەرنىڭ نورمال پىسخىكىسىدىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشكارا نەرسىلەرگە قارىغاندا ، يوشۇرۇن نەرسىلەرگە كۆپرەك قىزىقىدۇ. بۇ خىل پىسخىك جەريان كىشلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىدىيۋى ھېسسىياتىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئىپادىلەش جەريانىدىمۇ موھىم رول ئوينايدۇ. بۇ خىل ھالەت كىنايىنى پۇختا پىسخىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. كىنايىنىڭ تۈرلىرى

كىنايە ئاغزاكىي نۇتۇقتىمۇ ، بەدىئىي ئەسەرلەردىمۇ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. مەسىلەن ئالايلى، ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا دەرسكە توغراجاۋاپ بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىغا « ئولتۇر، كاللاڭ قالتىس ئىشلەيدۇ جۇمۇ سىنىڭ » دىگەن جۈملىنى ئىشلەتكەن بولسا، بۇ جۈملىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ نارازىلىق ، قانائەتلەنمەسلىك ھېسسىياتى ئەجابىي مەننى بىلدۈردىغان «كاللىسى قالتىس ئىشلەش» دىگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئىبارە كىنايىلىك رولنى ئوينايدۇ. ئەرەپ ، پارىس تىلرىنىڭ كىلاسسىك ئىستىلىستىكا قىسىملىرىدا كىنايە ئىپادىلەنگەن مەنىسگە ئاساسەن ، ئادەتتىكى كىنايە ۋە تەئرىز دەپ ئايرىلغان. بىز يۇقىردا كۆرسەتكەن مىسال ئادەتتىكى كىنايىدۇر. تەئرىز كىنايىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ، بالاغەت ئىلمىدە ئۇ ياپما شەكىلدە نارازىلىقنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى كۆرستىدۇ. ئۇ روس تىلىدا «سەركىزەم» دەپ ئاتىلىدۇ. تەئرىز نارازىلىق مەنىسىدىكى ئېتىراز سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، بىر مەنە ئارقىلىق يەنە بىر مەننى ئىپادىلەش جەريانىدا تەسۋىرلىگۈچىنى تەنقىدلەش ۋە ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقنىمۇ ئىپادىلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ كىندىك قىنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس تۇپراق بولمىش ئانا ۋەتىنىنى ھاتەملەرچە سېخىيلىق بىلەن ئىككى قوللاپ تۇتقانلىرىغا كۆپ تەسەننا،-دىدى بەدەخشان ئەمرى مەسخىرلىك تەلەپپۇزدا كۈلۈپ ، ئەمما بۇيۇك سەئىدىيە تەسەررۇپىغا لەشكەر تارتىشتەك كاتتا ئىش زىنھار قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

( ياسىنجان سادىق ، جاللات خېنىم ، 595-بەت)

بۇ مىسالدا بەدەخشان ئەمرى ئۆز ۋەتىنىنى سېتىش بەدىلىگە تەختكە ئېرىشىش تاماسىدا يۈرگەن ئاپپاق خوجىنىڭ يولسىز تەلىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلغان ھەم مۇشۇنداق كىشىلەرگە

بولغان يىرگىنىش، نارازىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . مانا بۇ تەئىرىزدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدا كىنايە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ، ئىجابىي پىكىرنى سەلبىي سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەش ، سەلبىي پىكىرنى ئىجابىي سۆز- جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1) ئىجابىي پىكىرنى سەلبىي سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەش

بەزىدە مەزمۇننى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىجابىي ئوي-پىكىرنى سەلبىي سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى « <u>ھاماقەت</u> ئاپا » دېگەن يۇمۇرنى كۆرۈپ باقايلى.

- مىنىڭچە ئاپام بالا بېقىشنى بىلمەيدىكەن .
- قانداق دەيسەن ؟
- مەن ئويغاق چاغدا ئۇخلا دەپ كارۋاتقا چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا قوپ دەپ توۋلاپ ئويغىتىۋېتىدۇ.

يۇمۇرنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدىكى، بۇ يۇمۇرنىڭ ماۋزۇسىدىكى« ھاماقەت » سۆزى سەلبىي مەنىلىك سۆز بولسىمۇ ، ئەمما بۇجايدا بالىنى قەرەلىدە ياتقۇزۇپ، ئەتىسى ۋاقتىدا ئويغىتىدىغان تەلەپچان ئاپىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى .

(1) قىز دەپ ئېيتتىم پەرىسەن،
قوشۇلماقتىن نېرى سەن.
<u>جاللاتلارنىڭ پىرى سەن</u>،
ئاشىقنى ساتقان قىز.

(2) ئۇ تۈگمەنچى بىلەن خوشلۇشۇپ ، ئۆز ئۇيىگە قاراپ ماڭدى. تۈگمەنچى ئۇنىڭغا قارا ئېشىكنى توقۇپ مىندۈرۈپ قويدى . بۇ <u>كاسايەت</u> دۇلدۇلنىڭ ئۆزى ئىدى، بىر دەممۇ توختىماي تاكىراڭشىپ چاپاتتى.

بۇلاردىن (1) مىسالدىكى « جاللاتلارنىڭ پىرى سەن» دېگەن سۆز شائىرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرگەن قىزغا بولغان تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز مېھىر- مۇھاببىتىنى ئىپەدىلەيدۇ. (2) مىسالدىكى «كاساپەت» ئەسلى تىل ھاقارەت سۆزى بولسىمۇ، ئاپتۇرنىڭ«بىر دەممۇ توختىماي تاكىراڭشىپ چاپىدىغان»،« دۇلدۇل» دىن قېلىشمايدىغان جانىۋارغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. دىمەك ، ئوي-پىكىرنى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەش كىنايىنىنىڭ ئىجابىي پىكىرنى سەلبىي سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەش تۈرىگە كىرىدۇ.

## 2) سەلبىي پىكىرنى ئىجابىي سۆز- جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەش

بەزىدە مەزمۇننى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن سەلبىي ئوي-پىكىرنى ئىجابىي سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) سىرتتىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەنلەرنى كۈتىۋالىدىغان قوراللىق پارتىزانلار ھازىرمۇ باياندايۇ، ياماتۇ ۋە پەنجىم غولى يوللىرىدا كۈزەتچىلىك قىلىۋاتتى.

( زوردۇن سابىر ، ئانا يۇرت)

(2) ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسىغا ئوت تۇتاشقاندى قارىگاھتىن قېچىپ چىقىشقا ئۈلگۈرگەن لەشكەرلەرگە ئاقسۇ لەشكەرلىرى ئەجەل قىلىچى ، ئەجەل نەيزىلىرىنى سوۋغا قىلىشاتتى.

( ياسىنجان سادىق ، جاللات خېنىم)

(3) يېقىندا يەنى ، 1999-يىل 8-ئايدا « ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق بىر پارچە رومان نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق سۈئىي ھالدا خېلى داغدۇغا پەيدا قىلدى. « شىجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 1999-يىلى 9- ئاينىڭ 27-كۈنى بۇ رومان ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى . سۆھبەت يىغىنىدا سۆھبەت بايان قىلغۇچىلار بۇ روماننى تامامەن مۇۋاپىقىيەتلىك چىققان كاتتا رومان دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. مەن ئۇ چاغدا تېخى بۇ «كاتتا رومان»نىڭ «ئازاپ دەرۋازىسى»ناملىق بىرىنچى قىسمىنى ئوقۇپ تۈگەت كەچكە سۆھبەت يىغىنىدا تەسىراتىمنى شەرتلىك ھالدا سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە دەم ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ «كاتتا رومان» نىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

( يالقۇن روزى ، تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما)

بۇمىساللاردىكى (1) مىسالدىكى « كۈتىۋېلىش» (2) مىسالدىكى «سوۋغا قىلىش» (3) مىسالدىكى « كاتتا رومان » لارنىڭ ھەممىسى ئىجابىي مەنىدىكى سۆز بولسىمۇ ئەمما بۇجايلاردا سەلبىي مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. كىنايىنىڭ بۇ خىل شەكلى ئادەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىلدۇر.

كىنايە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا قاراپ ، سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن كىنايە، جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن كىنايە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن :

تۈرمە شىڭسەيىنىڭ ئىجادىيىتى، لېكىن ئۇ بۇ جىنايىتىنى گومىداڭ ، كوممۇنىستلارغا ۋە ھەقىقەت تۇغىنى كۆتۈرگەنلەرگە دۆڭگەپ : « شىنجاڭنى خەۋپتىن ساقلاش ئۈچۈن تۈرمىنى كۆپەيتتىم »دېمەكتە. تۈرمە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ھىمايە قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى.

( زوردۇن سابىر ، ئانا يۇرت )

بۇ مىسالدىكى ئۈستىدىكىسى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن كىنايە ، ئاستىدىكىسى جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن كىنايىدۇر.

## 4. كىنايىنى قوللانغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە نوقتا

كىنايە كۈچلۈك ھەجۋى قىلىش خارەكتىرىگە ئىگە بولىدۇ ، شۇڭلاشقا ئۇنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) ئوخشاش بولمىغان ئوبىكتتا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە قوللىنىش كېرەك . كىنايىنى كەلسە-كەلمەس قوللىنىش ئىستىلىستىكىنىڭ«سەممىي بولۇش »پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا كىنايىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىشكە ئۇنى باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ،تەنقىتلەيدىغان قورال قىلىۋىلىشقا بولمايدۇ.

2)كىنايە شۇ تىلنى قوللانغۇچى كىشىلەرنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن بىرگە يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە چېكى بولىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ چېكىدىن ئاشۇرۋىتىلسە بىمەنە نەرسىگە ئايلىنىپ يەتمەكچى بولغان ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمگە يەتكىلى بولمايدۇ.

3)كىنايىدە ئىپادىلەنگەن مەنە ئەسلى مەنىنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئىشلەتكەندە قىلىۋاتقان گەپنىڭ ئورامى ، يېزىلىۋاتقان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ، كونتېكستكە ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش كېرەك.

## 5.كىنايىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى

كىنايە ئاغزاكىي ۋە يازما نۇتۇقتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ ئۇنى مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە قوللانغاندا ياخشى ئىتىلىستىك ئۈنۈملەرگە ئېرىشكىلى ، شۇ ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئوي-پىكىرنى جانلىق ، ئوبرازلىق ، تەسىرلىك ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

1)كىنايە ئاغزاكىي ۋە يازما نۇتۇقلاردا مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئەڭ ياخشى ھەجۋى قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبىكتقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيەلىرىنى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ بەرگىلى ، ھەق-ناھەق مەسىلىرىدە ئاپتۇرنىڭ قايسى مەيداندا تۇرۇپ ، كىملەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى، كىملەرنى مەدىيلەۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

2) كىنايە ئاغزاكىي ۋە يازما نۇتۇقنىڭ يۇمۇرلۇقلىقىنى ئاشۇرۇپ ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەپەندىمنىڭ ئايالى بازاردىن سېتىۋالغان يېڭى يوق قىسقا كۆڭلەكنى كىيىپ :

- ئەپەندىم قارىڭا، كىيگەن كۆڭلىكىم يارىشىپتىمۇ؟-دەپتۇ.
- ئالامەت يارشىپتۇ، - دەپتۇ ئەپەندىم ئايالىدىن نارازى بولۇپ ،-ئەممازە يەنە ئازىراق قىسقا بولۇپ كەتكەن بولسا تېخىمۇ يارىشاكەندۇق.

- قانداق دەيسىز، - دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمنىڭ ئايالى خوشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

- قانداق دەيسەلەرغۇ؟! – دەپتۇ ئەپەندىم ئايالىغا، - ئەگەر مەن دېگەندەك قىلساڭلار ، كاسا-يوتاڭلار تېخىمۇ تولۇق كۆرۈنەتتى –دە، مەن تۆگۈل باشقىلارنىمۇ ئالامەت جەلىپ قىلغان بولاتتىڭلار.

(قاھار ئابدۇرشىت، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ يېڭى لەتىپىلىرى)

مانا بۇ لەتىپىدە ئەپەندىم كىنايە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يۇمۇرلۇق يول بىلەن ئايالىنىڭ بولمىغۇر قىلىقىنى كۆچلۈك مەسخىرە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. كىنايىنىڭ بۇخىل ئىستىلىستىكىلىق رولى بىرتەرەپتىن ، كۆچلۈك مەسخىرە ئارقىلىق ناچار سۆز-ھەرىكەتلەرنى قامچىلىسا ، يەنە بىرتەرەپتىن ، باشقىلار نى سۆزلىنىۋاتقان ئوبيكىت توغرىسىدا مۇئەييەن تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ.

3)كىنايىدە ئىنتۇناتسىيە ناھايىتى موھىم رول ئوينىغاچقا، ئۇ ئارقىلىق نۇتۇقنىڭ جانلىقلىقىنى ، ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغىلى ھەم ئوخشىمىغان موھىتنا ھەر خىل تۇسلەرنى ھاسىل قىلىپ نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىردا دەپ ئۆتكەندەك ، كىنايە ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمى ناھايىتى يوقىرى بولغان ئىتىلىستىكىلىق ۋاستە. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلسا ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇپ باشقا ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغان ئىپادىلەش ئۇنۇمىگە ئېرىشكىلى ، نۇتۇقنى جانلىق ، ئوبرازلىق، يۇمۇرلۇق تۇسكە ئىگە قىلىپ كىشلەرنى شۇ ئوبيېكتتا جەلىپ قىلغىلى ھەم ئۇلارنى تەسىرلەندۇرگىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. يولۋاس راشىدىن ، ستىلىستىكا ساۋادى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى ئەدەبىيات فاكۇلتىتى ، 2002- يىل نەشرى

2. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيەلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1988- يىل 6-ئاي نەشرى

3. خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىياز، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1987- يىل 11-ئاي نەشرى

4. سەمەت تۇرسۇن ، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004-يىل 3-ئاي نەشرى

5. زەمىر سەيدۇللازادە، كىلاسسىك ئىستىلىستىكا دەرس لېكسىيەسى

6. لىيۇمىن ، خەنزۇ – ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ئىستىلىستىك ۋاستىلىرىدىن ئۇمۇمىي چۈشەنچە ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995-يىل 8- ئاي نەشرى

**7. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ‹ قىسقارتىلمىسى› ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،1999-يىل 8-ئاي نەشرى**